ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# شياۋخېيما ھەققىدە ھېكايە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

يۈەن جىڭ

# شياۋ خېيما ھەققىدە ھېكايە

تەرجىمە قىلغۇچىلار: غۇنچەم
نىياز ئەمەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

小黑马的故事/袁静编著；吾尼期木,尼亚孜·艾买提译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.5(2007.4重印)
(少年红色经典)
ISBN 978－7－228－10140－5

Ⅰ．小… Ⅱ．①袁…②吾…③尼… Ⅲ．儿童文学—革命故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．I287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 049264 号

策　　划：艾克巴尔·艾力
责任编辑：阿扎提·阿里玛斯
责任校对：阿达来提·买合苏提
米丽古丽·吾布利哈斯木

**小黑马的故事**（维吾尔文）

吾尼期木，尼亚孜·艾买提 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 5.875 印张 2 插页
2006年 7月第1版 2007年 4月 第2次印刷
印数：4061—7060

ISBN 978-7-228-10140-5 定价：10.00元

بۇ كىتاب 21- ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، 2004 - يىلى 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版,2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم
ئادالەت مەخسۇت

# شياۋ خېيما ھەققىدە ھېكايە

تەرجىمە قىلغۇچىلار: غۇنچەم، نىياز ئەمەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2007 - يىلى 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 7060 — 4061
ISBN978-7-228-10140-5
باھاسى: 10.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» نامىلىق بۇ
مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە-
لەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈم-
دىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلە-
رىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر.
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل
جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھ-
رىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى
ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىنتىزار بولۇپ چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى
چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىز-
لىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مە-
نىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.
بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلى-
كىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان
قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈل-
دى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پارا-
سىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك،
ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەش-
ۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ساددا ھەم كۈچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، توقۇنۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجادىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۇيغۇسى ۋە ئوقۇشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇسلۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستېتىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېغىزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرىمانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىنلىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىنقىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈمىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە


قېچىش ........................................ 1
سىناپ بېقىش ................................ 11
چۆلدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى .................... 19
قېنى باغلىشايلى ................................ 31
يالغان ئىشنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشى .............. 41
تەيفېڭ بورىنى .................................. 53
ئالدىراش كىشىلەر بىلەن بىكارچى كىشىلەر ............ 70
سۆيۈملۈك ئانا ................................. 82
كىچىك ئەزمە ................................. 91
ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر ......................... 106
«سەۋدايى ئاشىق» ............................. 121
ئۆزىنى كۆرسىتىش .............................. 135
ئانا ـ بالىنىڭ دىدار كۆرۈشۈشى ................... 153
شىددەتلىك كۈرەش .............................. 166

# قېچىش

شىياۋ خېيما (قارا تايچاق) — بىر بالىنىڭ لەقىمى.

ھازىر ئۇ چوڭ بولۇپ، ساغلام بىر يىگىتكە ئايلاندى، ناۋادا ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا زىيارەتكە بېرىپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ تراكتور بىلەن يەر ھەيدەش ئەترىتىدىكىلەرگە باش بولۇپ، يېڭى تراكتور بىلەن ۋەتەننىڭ بىپايان ئېتىزلىقىدا قاپقارا تۇپراقنى ئاغدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن؛ ئۇ شۇ تاپتا بەلكىم دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىلەر بىلەن يىغىن زالىدا ئولتۇرۇپ پىلان تۈزۈۋاتقان، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ياكى بىر مەيدان قىزىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، ئۇ ھازىر چوپچوڭلا بىر ئادەم، جاسارەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى بەلكىم «يولداش ما چاڭشېڭ» ياكى «ما ئەترەت باشلىقى» دەپ ئا-تايدىغاندۇ، ئەمما ئۇنى يەنە «شىياۋخېيما» دەپ چاقىرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. لېكىن ئىلگىرى، دۆلىتىمىز ئەمدىلا ئازاد قىلىنغان ئاشۇ مەزگىللەردە، ئۇ سېپى ئۆزىدىن بىر «شىياۋخېيما»، كوچا — كويلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بىر نامرات بالا، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، بىر تىلەمچى بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستازى، بۇرادەرلىرى ھەممىدە بىر يۈرۈش تىلەمچىلىك «ھۇنىرى» بار بولۇپ، ئۇنى ھەر-گىز بوش چاغلىقلى بولمايتتى !

ئۇ چاغ پۈتۈن مەملىكەت ئازاد قىلىنغان ئىككىنچى يىلى ئىدى. باش كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى، شياۋخېيما ھەم ئۇنىڭ ئىككى «بۇرادىرى» تيەنجىن شەھىرىدىكى بىر چوڭ كوچىنى بويلاپ ھەممە يەرنى تەكشى ماربلاپ كېتىۋاتاتتى، ئۇچىلىسىنىڭ كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ھەم ياماق، تۇرقىدىن نامرات باللار ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ ئىدى، ھەممەيلەن ئۇنى دايەنخۇ (پالكۆز مايمۇن) دەپ چاقىراتتى، دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ بېشى ھەم كۆز ـ بۇرۇنلىرى بەئەينى مايمۇننىڭكىگىلا ئوخشايتتى. ئۇ جەينىكى بىلەن شياۋ خېيمانى نوقۇشلاپ قويۇپ، بىر كۆزىنى قىسقىنىچە پەس ئاۋازدا:

— نەچچە كۈندىن بېرى ئەھۋال سەل چاتاق، سەن بەكرەك ئېھتىيات قىل. بىلىگە كەمەر باغلىۋالغانلارنى كۆرسەڭلا، دەرھال مۆكۈۋال، ئەگەر سېنى تۇتماقچى بولسا، ئايىغىڭنىڭ ئاستىغا ماي سۈركەپ، ئالدى ـ كەينىڭگە قارىماي قاچ! — دېدى.

— ئەنسىرىمە، ئۇلار مېنى تۇتالمايدۇ! — دېدى شياۋ خېيما پوتلىسىنى تارتقىنىچە بېلىدىكى كەندىر ئارغامچىنى ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلىتىپ، بېشىدىكى يىرتىق مالىخيىنى كەينىگە ئازراق ئىتتىرىپ قويۇپ ئىشەنچ بىلەن.

يېزىدىن سەرگەردان بولۇپ چىققان نيۇنيۇ ئىسىملىك يەنە بىر بالا:

— دايەنخۇ ئاكا، ئۇلار بىزنى نېمىشقا تۇتىدۇ؟ بىز يا خەقنىڭ ئىشىغا كاشىلا قىلمىساق، — دەپ سورىدى.

— كالۋا، شۇنىمۇ ئۇقمامسەن؟ ئۇستازىمىز بىزگە ئۇلار تۇتۇۋالسىلا ئەسكەرلىككە ئېپكېتىدۇ دېمىدىمۇ! مەن بۇرۇن خىزمەتچى ئەسكەر بولۇپ، يەتكۈچە دەرد تارتقان، ئەمدى ئۆلسەممۇ ئەسكەر بولمايمەن!

— ئەمىسە بىزمۇ بولمايمىز ! — دېدى ئىككى بالىمۇ تەڭلا.
ئۇلار تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، دايەنخۇ شىياۋخېيماغا قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويدى - دە، نيۇنيۇنى باشلاپ شەرق تەرەپكە ماڭدى، شىياۋخېيما ئۇلارغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:
— كەچتە كۆرۈشەيلى ! — دېدى - دە، غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
شىياۋ خېيما بىر مىلىچماللار دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆپچۆرىسىگە سىنچىلاپ بىر قارىۋەتتى، ئاندىن ساقچى يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، قويىنىدىن بامبۇك چىكچاكنى چىقاردى - دە، ئۇنى رىتىملىق تاراقشىتقىنىچە، ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن «غەزەل»نى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

چېلىپ بامبۇك سازىمنى، تىلەپ كەلدىم ئامانلىق،
بەرمىسىڭىز سەدىقە، يوقتۇر سىزگە ئاراملىق.
رازى بولۇپ كېتىمەن، مەيلى قانچە بەرسىڭىز،
ئەسقاتىسىلا جېنىمغا بەرگەن ئاشۇ نەرسىڭىز...

دۇكان خوجايىنى قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە، يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:
— ھەي كىچىك دىۋانە، ھازىر ئازاد بولدۇق، تىلەمچىلىكنىڭ ئەمدى ئاقمايدۇ. كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي يوقال ! — دېدى.
شىياۋ خېيما ئۇنىڭ گەپلىرىنى پىسەنتىگىمۇ ئالماي، غەزەلنىڭ داۋامىنى ئوقۇۋەردى:

رىزقى بىلەن ھەر ئادەم، مېنى نېمە تىللايسىز؟
بىرنىڭ ماڭا سەدىقە، ئاچ - يالىڭاچ قالمايسىز.
تېجىسىڭىز چوڭ پەردىن يوقتۇر سىزگە زىيىنى،

هېساباتنى چوڭ قىلىڭ، ماڭا تەگسۇن تىيىنى.
دۆت بولسامۇ ئۈنچىلىك ھېساباتنى بىلىمەن؛
شۇڭا كوچا ـ كويلاردا تاماق تىلەپ يۈرىمەن.
تىلەمچى دەپ تىللىماڭ، ئامال يوقتۇر بىزگىمۇ،
ئويلاپ قويۇڭ كېيىننى، ساۋاب بولۇر سىزگىمۇ.
يەتتە كۈنلۈك جاھان بۇ، قالسۇن ياخشى نامىڭىز،
بالانى يەر سەدىقە، كۆكلەپ كەتسۇن جانىڭىز...

دۇكان خوجايىنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ قولىغا ئازراق پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى ـ دە، غۇدۇرىغىنىچە كىرىپ كەتتى.

شياۋ خېيما پۇلنى ئېلىپ، بەلۋېغىنى ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلىتىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ، گۆھنەي دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى سەزگەندىن كېيىن، قولىدىكى بامبۇك چىكچاكنى يەنە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا غەزەل توۋلاشنى باشلىۋەتتى:

تاۋۇتخانا ئالدىغا كەلدىم چىكچاك ياڭرىتىپ،
بۇ تاۋۇتلار بەك ئېگىز، ساتار ئۇنى داڭلىتىپ.
ئۆزى پۇختا ياسالغان، ئىككى بېشى چوڭ ـ كىچىك،
قاچىلانسا مېيىتلار، كېتەلمەيدۇ ھەم قېچىپ...

شياۋ خېيما ئەنە شۇنداق بولۇشىغا توۋلاۋاتقاندا، بېشىغا «توك»قىدە بىرنەرسە ئۇرۇلدى، قولىنى بېشىغا ئاپىرىۋىدى، بارماقلىرىمۇ ئۇ زەربىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا بۇرۇلۇپ قارىدى، سېمىز دۇكان خوجايىنى ئۇنى تاماكا غاڭزىسى بىلەن ھەدەپ ئۇرۇۋاتاتتى، ئاغزىدا بولسا:

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

— ھۇ شۆپەك ئىغىز ھارامزادە، تاياق يېگۈك كەپتۇ ـ دە ! يە-
نە يوقالماي تۇرىسەنغۇ ! — دەپ تىللاۋاتاتتى.

سىمىز دۇكاندار قولى بىلەن ھەرقانچە ئىتتىرگەن بولسى-
مۇ، شياۋ خېيما جايىدا تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ، يەنە غەزەل ئوقۇش-
قا باشلىدى:

ئۇرىسىگىزمۇ كەتمەيمەن، بۇدۇشقاقنىڭ ئۆزىمەن،
رازى قىلىڭ مېنى سىز، خالايىقنىڭ كۆزىمەن.
توخۇ قورداق، ئۇگرە ئاش سامساق بىلەن ئوخشايدۇ،
كۆرۈپ باقاي قېنى كىم ئاخىرىدا قاقشايدۇ !

ئىككىسى ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ تۇرغان
چاغدا، شياۋ خېيما يوغان بىر قولىنىڭ مورىسىدىن كاپپىدە تۇت-
قانلىقىنى سېزىپ قالدى ھەمدە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا شۇنداقلا
قاراپ، كەمەر باغلىۋالغان بىر خەلق ساقچىسىنىڭ يېنىدىلا تۇر-
غانلىقىنى كۆردى.

— شاكىچىك، بۇ يەرنى قالايمىقان قىلماي، مەن بىلەن
ماڭ ! — دېدى ساقچى مۇلايىملىق بىلەن.

— نەگە بارىمىز؟ — سورىدى شياۋ خېيما كۆز قارىچۇقلى-
رىنى پىرقىرىتىۋېتىپ.

— يىغىۋېلىش ئورنىغا، — دېدى ساقچى قىزغىنلىق بى-
لەن، — خەلق ھۆكۈمىتى سىلەرنى ئوبدان جايغا ئورۇنلاشتۇرى-
دۇ، ئۇ يەردە ئىشلەيسىلەر، ئوقۇيسىلەر، تاماقتىن ھەم ياتىدىغان
يەردىن غەم قىلمايسىلەر. ئىشقىلىپ، ھازىرقى بۇ سەرگەردانلىق
تۇرمۇشۇڭدىن كۆپ ياخشى، يۈرە !

شياۋ خېيما ئۇنىڭ قولىدىكى ساقچى كالتىكىگە قارىغىنىچە

بۇرنىنى تارتىپ، بەلۋېغىنى تۈزەپ قويدى ـ دە، ھېچنېمە خىيالىغا كەلمىگەندەك قىياپەتتە:

— ماقۇل، ماڭسام ماڭدىم !— دېدى.

ساقچى ئۇنىڭ رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدى ۋە ئۇنى يىغىۋېلىش ئورنىغا باشلاپ ماڭدى. بىر چاغدا، ئۇلار قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن چوڭ يولغا يېتىپ كەلدى. شياۋ خېيما شۇنداقلا بىر قاراپ، كىنوخانىدا ئەتىگەنلىك كىنونىڭ ئەمدىلا تۈگىگەنلىكىنى، تاماشىبىنلارنىڭ كىنوخانا ئىشىكىدىن سەلدەك ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، يولنىڭ ھەممە يېرىنىڭ ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى بىر توختىتىۋېلىپ، پەرتتىدە قاچتى، ساقچى ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلىدى.

شياۋ خېيما ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «قارا تايچاق» بولۇپ، ناھايىتى تېز يۈگۈرەيتتى. ئۇ بويى پاكار، ئۆزى ناھايىتى چاققان بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدىن يىلاندەك شۇڭغۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى، گاھ سولغا، گاھ ئوڭغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرەيتتى. دېگەندەك، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىلا، كۆزدىن غايىب بولدى.

شياۋ خېيما بۇ بىر كۈننى ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا لاغايلاپ يۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى، كەچ بولغاندا، قورسىقى ئېچىپ، پۈتۈن بەدىنى مۈزلاشقا باشلىدى. «قانداق قىلارمەن؟» ئۇستازىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، ئۇنى قورقۇنچ باستى، «بۈگۈن يىغقىنىمنىڭ تايىنى بولمىدى، ئۇستام چوقۇم ئاچچىقلاپ كېتىدۇ، قولاق تۈۋىمگە سالمىسىلا بولاتتىغۇ تېخى !»

ئۇنىڭ ئۇستىسىنىڭ فامىلىسى لى بولۇپ، لەقىمى «چوقۇرلى سەن» ئىدى، ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا لۈكچەكلىك بىلەن ياشاپ

كەلگەن بۇ ئادەم دۇكاندارلارنىڭ ئالدىغا پۇل تىلەپ باراتتى، دۇ-
كاندارلار پۇل بەرمىسە، ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرىگە پوق سۈركەپ قو-
ياتتى، ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىپ يېتىۋالاتتى، ئۇششۇقلۇق قى-
لىپ، خەقنىڭ سودىسىنى بۇزاتتى. شۇڭا، دۇكاندارلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ئۇ ئىگە - چاقىسىز ئون نەچچە بالى-
نى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋالغاندىن كېيىن، سىرتقا ئانچە كۆپ
چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار بىر كىچىك سارايدىكى ئەي-
جىقى چىقىپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى، ئەمەلىيەتتە
بۇ بىنانىڭ پەلەمپىيى ئاستىنى ئانچە - مۇنچە قاشالاپلا جۆن-
دىۋالغان تار ھەم ناھايىتى كىچىك بىر «ئۆي» بولۇپ، ئۇ ئۆزى
ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلايتتى، باللار بولسا يەردە قىستىلىشىپ يا-
تاتتى. باللارنىڭ ياتىدىغان يېرى ئېغىلدىنمۇ بەتتەر مەينەت ھەم
سېسىق ئىدى. ئىككى بالا بىر پاختىلىق چاپاننى يوتقان ئورنىدا
ئىشلىتەتتى؛ ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ياندىكى خۇيزۇ ئاشخانىسىدىن
ئاشقان - تاشقان تاماقلار ئىدى. باللار كۈندە چىقىپ تىلەمچى-
لىك ياكى ئوغرىلىق قىلاتتى، ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى ئۆز پېتى
ئەكېلىپ ئۇنىڭغا تاپشۇراتتى، ئۇ بۇ باللارنى ئەنە شۇنداق «با-
قاتتى»، ھەر قېتىم سوغۇق چۈشكەندە، چوقۇر لى سەن باللار-
نىڭ ئەڭ كىچىكىنى — سۈن شياۋباۋنى ياكى شياۋ خېيمانى —
ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئىككى يۇتۇم ئاق ھاراق ئىچۈرەتتى،
ئاندىن ئۇنى يالاڭ ھەم يىرتىق كىيىمنى كىيىپ، كوچىدىكى
قارنىڭ ئۈستىدە يىغلاپ تۇرۇپ ئېغىناشقا بۇيرۇيتتى. بۇنى
كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ بەزىلىرى پۇل، بەزىلىرى
كىيىم - كېچەك بېرەتتى. توڭلاپ ئۆلۈپ قالاي دېگەن بالا خەق-
لەر نېمە بەرگەن بولسا، شۇنى ئۆز پېتىچە ئەكېلىپ ئۇستىنىغا
تاپشۇراتتى، بولمىسا ئۆلگۈدەك تاياق يەيتتى. چوقۇر لى سەن ئە-

نە شۇنداق تىرىكتاپ، ئەسكى ئادەم ئىدى.

ئاي بارغانسېرى ئېگىزگە ئۆرلەشكە باشلىدى، قارىغاندا كەچ سائەت توققۇزلار بولغان بولسا كېرەك. بىر كۈن لاغايلاپ يۈرگەن شىياۋ خېيما نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغىنىچە كىچىك سارايغا قايتىپ كەلدى. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بالىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قايتىپ كەلمىگەن، دايەنخۇ بىلەن نيۇنيۇمۇ قايتىپ كەلمىگەن، قايتىپ كەلگەنلىرى خۇددى كۈچۈكلەردەك تۈگۈلۈپ تاتلىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئۇستىسى ئاۋۋالقىدەكلا كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، كولباسا ۋە قېرىن توغرىمىسى يېگەچ هاراق ئىچىۋاتاتتى. جىن-چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن چوقۇر يۈزى مانا مەن دەپلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ بۈگۈن بۇرۇنقىدەك ئاچچىقلىنىپ كەتمىدى، ئۇرمىدى، هەتتا «ئىتنىڭ كۈچۈكى» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ ئىشلەتمىدى، بەلكى پەس ئاۋازدا:

— جاۋۇردا ساڭا ئېلىپ قويغان تاماق بار، چاققان يەۋال! — دېدى.

شىياۋ خېيما جاۋۇردىكى سوۋۇپ قالغان تاماقنى خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك شاپۇلدىتىپ يەۋاتقاندا، ئۇستىسى مۇلايىملىق بىلەن:

— شىياۋ خېيما، بۇ كەچپىمىز تازا ئاقمايۋاتىدۇ، شۇڭا بىز ئازراق سودا قىلىپ باقايلى! — دېدى.

شىياۋ خېيما ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى، ئۇ ئاغزىدىكى تاماقنى چايناپ يۇتۇپ بولغۇچە، ئۇستىسى ئورنىدىن تۇردى. لى چوقۇرنىڭ تۇرقى بەئەينى ئىت ئېيىققىلا ئوخشايتتى، ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ بېشى پەلەمپەيگە تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى.

— شىياۋ خېيما يىغىپ قويغان پۇللىرىڭنى چىقار، هەممە-

مىز بىرلىشىپ ئوقەت قىلايلى ! ــ دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا.

شياۋ خېيما ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازىدىنلا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولدى ھەمدە كۆڭلىدە «بۇ ئەبلەخ چاپىنىمنىڭ ياماق يېرىدە يوغان پۇلدىن بىرىنىڭ بارلىقىنى راستتىنلا بىلىپ قالغانمۇ، نېمە؟ ئۇ پۇلنى مەن تېپىۋالغان تۇرسام !» دەپ ئويلىدى.

شياۋ خېيما ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى، ئەمما ئۇنىڭ قاپ-قارا ئىككى قولى ئىختىيارسىز ھالدا مەيدىسىدىكى ياماق سېلىنغان يەرگە بېرىپ قالدى.

ــ ھۇ كالۋا، ــ دېدى چوقۇر لى سەن ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلگىنىچە، ــ ئوقەت قىلىپ پۇل تاپساق، ساڭىمۇ بىر ئۈلۈش تېگىدۇ ئەمەسمۇ !

دەرۋەقە، ئۇ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا شياۋ خېيمانىڭ تىقىپ قويغان پۇلىنى ئاختۇرۇپ ئېلىۋالدى.

ئەسلىدە شياۋ خېيما بىر پاختىلىق چاپاننى نيۇنيۇ بىلەن تەڭ يېپىنىپ ياتاتتى، بۇگۈن كەچ نيۇنيۇ قايتىپ كەلمىگەچكە، پاختىلىق چاپاننى ئەركىن - ئازادە يېپىنىپ، ئىسسىق ئۇخلىۋېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئەمما ئۇستىسى پاختىلىق چاپاننى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئېھر شياۋزى بىلەن بىللە ئۇخلاشقا بۇيرۇدى. ئېھر شياۋزىنىڭ جۇغى چوڭراق بولغاچقا، بىر پاختىلىق چاپان ئۇنىڭ يېپىنىشىغا ئارانلا يېتەتتى. شياۋ خېيما ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، ئاران دېگەندە پاختىلىق چاپاننىڭ بىر بۇرجىكىنى مەيدىسىگە يېپىۋالدى، ئىچىدە بولسا «دايەنخۇ بىلەن نيۇنيۇ نېمىشقا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ ئۇلارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەنمىدۇ يا؟» دەپ ئويلىدى.

ئۇ جىق ئىشلارنى ئويلاپ بولالمىدى، بېشىنى شۇنداقلا يەر-

گە قويۇۋىدى، ئۇخلاپ كەتتى.

ئۇ شۇنداق تاتلىق ئۇخلىدىكى، ئەتىسى ئەتىگىنى ئېرشياۋ-زىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ئاندىن ئويغاندى. ئېر شياۋزى يىغلامسىرىغان هالدا:

— هۇ كىچىك لەقۋالار، ئورنۇڭدىن تۇرۇشە! ئۇستام قېچىپتۇ. مېنىڭ يانچۇق سائىتىمنىمۇ ئېلىۋاپتۇ! هۇ... هۇ... هۇ!...— دەۋاتاتتى.

دەرۋەقە، چوقۇر لى سەنىنىڭ كارۋىتىدا ئىككى تال ياغاچ تاختايدىن باشقا هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com